## 26789 ـ جازانه بانكىلىرىغا پۇل ئامانەت قويۇشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سۇئال

جازانه بانكىلىرىغا پۇل ئامانەت قويۇشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلارغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئايلىق ۋە يىللىق ئۆسۈم چىقىدىغان جازانه بانكىلىرىدا پۇل ئامانەت قويۇشنىڭ ھاراملىقىدا ئىسلام ئالىملىرى بىرلىككە كەلگەن جازانه ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئۆسۈمسىز بانكىدىمۇ قويۇشقا بولمايدۇ، پەقەت ئامال بولمىغاندا قويسا بولىدۇ، چۈنكى جازانه مۇئامىلىسى قىلىدىغان بانكىدا پۇلنى ئۆسۈمسىز قويسىمۇ يەنىلا جازانه ئىشلىرىغا ياردەم بەرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ، گەرچە مال ئىگىسى خالىمىسۇ، گۇناھ ۋە دۈشمەنلىككە ياردەم بەرگەنلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قىلىشنىڭ قورقۇنچىسى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلاردىن ھەزەر قىلىش كېرەك، پۇل ـ ماللىرىنى ساقلايدىغان ساغلام بىر يول تېپىش كېرەك، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىڭ ئىززىتى، بەخت ـ سائادىتى، نىجاتلىقى بولغان بىر ئىشقا مۇۋەپپەق قىلغاي، ئۇلارنى تېز سۈرئەتتە جازانىدىن خالى بولغان بىر ئىسلام بانكىسى قۇرۇش ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەي. ئاللاھ ئۇنىڭ ئىگىسى ۋە ئۇنىڭغا قادىردۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالامى بولسۇن.